# ئۇيغۇر سەئىدىيە خاندانلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان

# چاغاتاي موغۇل خانلىقىنىڭ گۇمران بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول ئېچىلغانلىقى

ئىستىلاچى چىڭگىزخان ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى 1225-يىلى ئاستانە قارا قۇرۇمدا داغدۇغىلىق قۇرۇلتاي چاقىرىپ ئىككىنجى ئوغلى چاغاتايغا ئوتتۇرائاسىيا ۋە شىنجاڭنى مىراس سۈپىتىدە بۆلۈپ بەردى،چاغاتاي ئىلىدىكى ئوردىسىدا سەلتەنەت تاجىنى كىيدى.چاغاتاي موڭغۇل خانلىقىدىكى هۆكۈمالار ،دۆلەت خادىملىرى ۋە ئەسكەرلەر ئاساسەن موڭغۇللار بولۇپ،ئوردا قائىدىسى، تەشكىلى، هەرخىل مۇراسىملىرى موڭغۇل

ئەنەنىسگە سادىق ئىدى. تۇغلۇق
تۆمۈرخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئەمىر تۆمۈر
كوراگان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ
ئوغۇللىرى خىزىر خوجا بىلەن ئىلىياس
خوجنى كۆزگە ئىلماي ئۇلارغا ئىتائەت
قىلىشتىن باش تارتتى،شۇكۆندىن باشلاپ
چاغاتاي خانلىقى پارچىلىنىشقا يۈز
تۇتتى.ئىچكى ئىختىلاپ
كۆچەيدى،خان،بەگزادىلەرئوتتۇرىسىدا
تەخت ھوقۇق،زېمىن ماجىراسى
بېسىقمىدى، ئەلدە ئەنسىزلىك،
ۋەيرانچىلىق ئەۋج ئالدى. بۇ

سورۇقچىلىقتىن قەشقەردىكى زېمىندار
مىرزا ئابابەكرى پايدىلىنىشقا باشلاپ
قەشقەرىيەكەنلەردە نوپۇز تىكلەپ، ئۆز
ئالدىغا قوشۇن قۇردى. ئەھمەدخان
چاغاتاي خانلىقىنى ئەسلىگەكەتۈرۈش
ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتى، لېكىن
مۇرادىنى ھاسىل قىلالماي ئۇ دۇنياغا
سەپەر قىلدى، مەھمۇدخانىڭ ۋاپاتىدىن
كېيىن ئىككى ئوغلى مەنسۇرخان بىلەن
سەئىدخانمۇ پېتىشمىدى، سەلتەنەت
تالىشىپ ئۆز ئارا سوقۇشتى ، سەئىدخان
مىرزا ئابابەكرى بىلەن مەنسۇرخانىڭ

ئورتاق هۇجۇمغا تەلك كىلەلمەي
تاغسى بابۇر شاھتىن ياردەم تەلەپ
قىلىش ئۈچۈن ھىندىستانغا يول
ئالدى،شۇندىن كېيىن مىرزا ئابابەكرى
ئالتە شەھەرنىڭ رەسمى ھۆكۈمدارى
بولدى،ئۆز ئىنتايىن زالىم بولغانلىقى
ئۈچۈن ئۆز خاھىشى بويىچە جاھان
سوراپ خەلقنى قاتتىق ئەزدى،
سەئىدخاننىڭ قارارگاھى ئاقسۇبولغاچقا
ئاقسۇ خەلقنى دەھشەتلىك باستۇردى،
ئاقسۇ شەھرى 16 يىلغىچە قاغا
-قۇزغۇنلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ،

بىرمۇ ئادەمزات ئاياق بېسىپ
باقمىدى.سەئىدخان ھىندىستانغا
بارماقنى نىيەت قىلىپ ئاۋال پەرغانىگە
يول ئالدى،بۇنىڭ ۋەجى دادىسى
ئەھمەدخان پەرغانە تەرەپتىن باش
كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۆزىگە تەھدىت
سېلىۋاتقان شەيبانىخان بىلەن كۆپ
سوقۇشقان ئىدى،بۇئۇرۇشقا ئامراق
ئوغلى سەئىدخانمۇ قاتناشقان ئىدى،بۇ
ئۇرۇشتا ئەھمەدخان يارلىنىپ
ئەسىرگە چۈشتى ،كېيىن شاھبەگ خان
ئەھمەدخاننى ئەسىردىن بوشىتىپ

ئاقسۇغا چىرايلىق يولغا سېلىپ قويدى،
لېكىن سەئىدخان نەمەنگاندا بىر
يىلدىن ئارتۇق زىنداندا ياتتى،كېيىنكى
يىلى ئەندىجانغاجانبەگ سۇلتان ۋە
ئۆزبېكلەر خان بولغاندىن كېيىن
سەئىدخاننى زىنداندىن بوشىتىپ
نازارەتئاستىغا ئالدى، ياش
سەئىدخاننىڭ جاسارىتى ۋە
شجائىتىدىن تەسىرلەنگەن يەرلىك
بەگلەر ئۇنىڭغايوشۇرۇنچە ھېسداشلىق
قىلدى ۋە 18 ئادىمى بىلەن
قاچۇرۋەتتى، سەئىدخان قېچىپ

ئىسسىقكۆل ھۆكۈمرانى

مۇھەممەدخاننىڭ ھوزۇرىغا باردى، لېكىن سەئىدخان مۇھەممەدخاننىڭ چېرىكلىكىدىن بىزار بولۇپ ئۇنى ئاغدۇرماقنى نىيەت قىلدى، لېكىن سېزىلىپ قالغاچقا 200دەك ئادىمى بىلەن مۇھەممەدخاننىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ يارىلىنىپ ئەسىرگە چۈشتى، سەئىدخان بۇ يەردە ئىككى يىل زىنداندا ياتقاندىن كېيىن 1507-يىلى يەتتە سۇغا قېچىپ باردى، ھەم ئىنىسى خېلىل سۇلتان بىلەن

بىرلشپ ئۆنى يەتتە سۇ خانى دەپ

جاكارلدى،كپىين مۇھە ممە دخاننى

ئاغدۇرۇپ زىمننى ئىسسقكۆلگچە

كىڭە يتتى،ئاكسى مەنسۇرخان

سەئىدخاننى بۆشۆكدە ئۆجۇقتۇرۇش

ئۆچۆن يەتتە سۇغا زور قوشۇن تارتىپ

سەئىدخاننڭ قوشۇننى تىرىپىرەن

قلدى،بارلق قوشۇنلرىدىن مەھرۇم

قالغان سەئىدخان چۆل-باياۋاندا

جىننى جان ئىتشكە مەجبۇر بولدى،

ئىنسى خىلل سۇلتان جانبەگ ھۇزۇرىغا

بىرىپ پاناھلاندى،لىكن جانبەگ

سۇلتان ھوزۇرىدىكى مەنسۇرخاننىڭ

يېقىنلىرىنىڭ قەستىگە ئۇچراپ باقى

دۇنيا بىلەن خوشلاشتى،سەئىدخان

نارىن جاڭگاللىقىدىن ئۆتۈپ تارىم

دەرياسى بويىدىكى دولانلىقلار ئارىسىغا

يوشۇرۇندى ۋە دولانلىقلاردىن كۈچ

توپلاپ مىرزا ئابابەكرى بىلەن

قارىشلىششنى مەقسەت قىلدى،لېكىن

دولانلىقلار سەئىدخانغا ۋاپاقىلمىدى،

ئەكسىچە ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى،

سەئىدخان بۇ يەردىنمۇ قېچىپ نارىن

جاڭگاللىقىغا قايتتى ۋە جاڭگالدا

پاناھلىنىپ يۈرگەن خوتۇن-بالىلىرىنى

يايلاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن

پەرغاندىكى جانبەگ سۇلتان

ھوزۇردىكى ئۆزگە ياخشىلىق قىلغان

بەگلەرنى پاناھتارتىپ، ھىندىستانغا

بېرىش ئۈچۈن پەرغانگە يول ئالدى،

سەئىدخان پەرغاندىكى يېقىلىرىنىڭ

ياردىمدە ئامان-ئېسەن ئەندىجانغا

بېرىۋالدى ، ئەندىجاندا جانبەگ

سۇلتان تەيىنلىگەن ھاكىم خوجا باتۇر

سەئىدخاننى ئىززەت -ئېكرام بىلەن

كۈتىۋالدى ۋە بەدەخشانغا يولغاسېلىپ

قويدى،بەدەخشان خانى سەئىدخاننى

پايتەخت زوپەردە بىر نەچچە كۈن

پاناھلاندۇرغاندىن كېيىن كابۇلغا يولغا

سالدى،1510-يىلى سەئىدخان كابۇلدا

تاغىسى بابۇر شاھ بىلەن ئاخىرى

دىدارلاشتى .

سەئىدخان بابۇر شاھنىڭ ھوزۇرىغا

بارغاندىن كېيىن بابۇرشاھ بۇ باتۇر،

قەيسەر، جەسۇر سەئىدخاندىن تولىمۇ

ئېھتىيات قىلدى ۋە پايلاقچى قويۇپ

نازارەتقىلدى، سەئىدخان كابۇلدا

ئىككى يىلدەك تۇرۇپ كۆچ توپلىدى،
پەرغانە ۋە ئالتە شەھەردىكى
يېقىن-تەرەپدارلىرى  بىلەن يوشۇرۇن
ئالاقە قىلىپ تۇردى،ئۆز ۋاقتىدا مىرزا
ئابابەكرىنىڭسۈيىقەستىدىن قوتۇلدۇرۇپ
قاچۇرۇۋەتكەن يېقىنلىرى سەئىدىخانغا
تۇشمۇ-تۇشتىن ياردەم قىلىشقاباشلىدى،
مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ
پەرغانىگە كەلگەنلەرمۇ سەئىدخاننىڭ
ھاكىمىيەتنىقولغا ئېلىشنى ئۈمىد
قىلدى،بابۇرشاھ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھوجۇم
قىلغاندا سەئىدخانمۇ ھەمدەمبولدى،

ئىككەيلەن ئۆزبېكلەرگە قارشى

دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنى قىلغان بولسىمۇ

غەلبە قىلالمىدى، بابۇرشاھنائىلاج

كابۇلغا قايتتى،سەئىدخانمۇ باشقا

ئۈمىدلىرىدىن ئامالسىز ۋازكېچىپ بابۇر

شاھتىن زور ئەسكىرى كۈچ ئېلىپ

1514-يىلى نارىنغا كەلدى،قوشۇنلىرنى

تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن 10 مىڭ

كىشلىك قوشۇن بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش

قىلىشقا ھازىرلاندى.

# سەئىدخان بىلەن مىرزا ئابەكرى ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك سوقۇشلارنىڭ بولغانلىقى،سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى

مىرزائابابەكرى سەئىدخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشىدىن خەۋەر تېپىپ قەشقەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلدى، لېكىن سەئىدخان قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشى بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان قەشقەرخەلقى

قوزغىلىپ سەئىدخان تەرەپكە ئۆتتى، مىرزا ئابابەكرى ئىچكى،تاشقى هۇجۇمدا تىزلاھالىدىن كەتتى ، قوشۇنلىرى بىرلا هۇجۇم بىلەن تىرىپىرەن بولۇپ چېچىلىپ كەتتى،مىزرا ئابابەكرى تىبەتكە قاراپ قاچتى ۋە چۆلدە هالاك بولدى. سەئىدخان يەكەنگە كىرگەندىن كېيىن 1514-يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 30-كۈنى قۇرۇلتاي چاقىردى،قۇرۇلتايدا سەئىدخان خانلىق تاجىنى كىيدى، دۆلەتنىڭ نامىنى ""سەئىدىيە دۆلىتى"" دەپ

ئاتىدى، يەكەن شەھرى دۆلەتنىڭ

دائىمى پايتەختى قىلىپ بېكىتىلدى،

دۆلەت بايرىقىنىڭ شەكلى نۇقۇت رەڭ

ئۈچ بۇرجەكلىك بايراققا ئۆزگەرتىلىپ

بايراقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ""لائىلەللاھۇ

مۇھەممەدۇن رەسۇلىللە"" دىگەن ئايەت

ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلدى،سول

تەرىپىگە دۆلەتنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى

يېزىلدى.سەئىدىيەجانلىقى پارس تىلىنى

دۆلەت تىلى قىلىپ بېكىتتى،ئىسلام

دىنىنى دۆلەت دىنى قىلدى،

مەدىرسلەردە 70% دەرسلىك پارس

تىلدا ئۆتۈلدى، يەتتە سۇ، ئىسسىق كۆل
ۋە ئالتە شەھەرگىچە بولغان كەڭ زېمىن
سەئىدىيە خانلىقىغا مەنسۇپ
بولدى، لېكىن شىمالى شىنجاڭ ئاكىسى
مەنسۇرخاننىڭ قولىدا بولغاچقا،
سەئىدخان ئاكىسىغا تىنچ بىرلىشىش
ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ مەكتۈپ ئەۋەتتى،
سەئىدخان  مەكتۇبدا""دۆلەت
قۇرۇشتىكى مەقسەت: زېمىن ئىگىلەپ،
تاج كىيىپ، شەخسى ئارزۇنى قاندۇرۇش
ئەمەس، بەلكى، ئۇزۇندىن بېرى راھەت
كۆرمىگەن خەلقنى راھەتكە چىقىرىشتۇر.

""دىگەن،سەئىدخان تەقۋادار، رەھمدىل،خەلقچىل نىسان بولغاچقا تەختكە ئولتۇرۇپلا باجنى 10 يىلغىچە كەچۈرۈم قىلغان، مىرزا ئابابەكرى بۇلاپ تولىغان بايلىقنى خەلقكە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن،ئۇرۇشنى خوپ كۆرمىگەن.

سەئىدخان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ كۈچەيگەندىن كېيىمۇ ئاكىسى مەنسۇرخانغا دۈشمەنلىك قىلمىدى، ئەكسىچە داۋاملىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز سەممىيىتىنى بىلدۈردى،مەنسۇرخان سەئىدخاننىڭ سەممىيىتى،جاسارىتىدىن

**تەسىرلىنىپ ئاخىرى بەيەت ئىجىدە**
**سەئدىيە خانلىقىكۈندىن كۈنگە**
**زورىيىپ نوپۇزلۇق،كۈچلۈك دۆلەتكە**
**ئايلاندى،زېمىنى يەتتەسۇ، توقماق،**
**تىبەت كەشمىر،قۇمۇل، بەدەخشانغىچە**
**كېڭەيدى. دۆلەت بىرىككە كېلىپ**
**خەلق ئەمىن تاپتى،ئىگىلىك گۈللىنىپ**
**دۆلەت روناق تاپتى،خەلق باياشات**
**ئىچىدە ئۆتتى،شۇڭا بۇ دەۋردە كىشىلەر**
**قۇمۇلدىن بەدەخشانغىچە سەپەرگە**
**چىقسا ئوزۇقتۈلۈك ئالماي ئۆيدىن**
**ئۆيگە كىرىپ مېھمان بولۇپ بارار**

ئىكەن. سۇلتان سەئىدخان تىبەتكە

قوشۇن تارتىپ تىبەتنى بويسۇندۇرۇپ

قايتاشىدا كېسەل تېگىپ 1533-يىلى

47 يېشىدا ۋاپات بولدى. مىيتى

يەكەندىكى ئالتۇنلۇق مازارغا دەپنە

قىلىندى. سۇلتان سەئىدخان 16

يېشىدىن باشلاپ 47 يېشىغىچە

قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ زېمىنى

كەڭ، قۇدرەتلىك، باي سەئىدىيە

خانلىقىنى قۇردى ۋە مۇستەھكەملىدى،

19 يىل سەلتەنەت سۈردى.

# ئېلكتاپ ياسغۇچى : چاقنار

*http://qaknar.blogbus.com*

*QQ:846333585*